## 113993 ـ ئاشۇرا كۈنى ئۈچۈن تەييارلانغان يېمەكلىكنى يېيىش ۋە بىر كىشىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ كۈندە كەڭرى خىراجەت قىلىش توغرىسىدا

### سۇئال

ئاشۇرا كۈنىدە ئاشۇرا ئۈچۈن تەييارلانغان يېمەكلىكلەرنى يېيىش بىدئەت ھېسابلىنامدۇ؟ ئاشۇرا كۈنىدىن بىر كۈن بۇرۇن ياكى بىر كۈن كېيىن يېيىش بىدئەت بولامدۇ؟ ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇ كۈندە زىياپەت قىلىش بىلەن بىرگە تۈرلۈك مېۋە ۋە تاتلىق تۈرۈملەرنى ھازىر قىلسا توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىم بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: ئەگەر بۇ يېمەكلەر ئاشۇرا كۈنىدە ئۆزلىرىنى كاچاتلاپ، مەيدىلىرىگە مۇشتلاپ پائالىيەت قىلىدىغان شىيئەلەرنىڭ تەييارلىغان يىمەكلىرى بولسا، مۇسۇلمان كىشى بۇنداق مۇنكەرـبىدئەت ئىشلاردىن يىراق بولىشى ۋە بۇنىڭغا ئىشتىراك قىلماسلىقى كېرەك بولىدۇ. بىز بۇ توغرىدا ئىلگىرى 102885ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا شەيخ ئابدۇلئەزىز ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھنىڭ پەتىۋاسىنى نەقل قىلدۇق.

ئەمما بۇ يېمەكلكلەر يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بىدئەت ئىشلارغا مۇناسىۋەتسىز بولۇپ، پەقەت بۇ كۈندە ئۆزى ۋە ئائىلىسىگە كەڭرە خىراجەت قىلىش سەۋەبىدىن تەييارلانغان بولسا بۇنى يېسە بولىدۇ، بۇ بىدئەت دەپ قارالمايدۇ.

كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئاشۇرا كۈنىدە ئۆزى ۋە ئائىلىسىگە كەڭرى خىراجەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى، بۇنىڭغا دەلىل كەلتۈرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بايان قىلىنغان ئاجىزـزەئىپ، ھۆججەتلىككە يارىمايدىغان ھەدىسلەرنى بايان قىلدى.

ئىككىنچى: تۇغۇلغان كۈن پائالىيتى ئېلىپ بېرىش بولسا چەكلەنگەن، بىدئەت ئىشلاردىن بولۇپ، بۇ توغرىدا ئىلگىرى 1027ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا تەپسىلى بايان قىلدۇق.

تۇغۇلغان كۈنى ئۇ كۈنگە توغرا كەلگەن تەقدىردە، ئۇ كۈند مۇناسىۋىتى بىلەن يىمەكلىكلەرنى كەڭرى قىلىش، بۇ كۈننى تەبرىكلەپ مېۋە ۋە تاتلىق تۈرۈملەرنى ھازىر قىلىش توغرا بولمايدۇ.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.